كەنجى كوررېكتور

# ئىشلەتكۈچىلەر قوللانمىسى

غەيرەت ت. كەنجى

2007-يىلى 6-ئاي

(2008-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنى تۈزىتىلدى)

# مۇندەرىجە


1.كەنجى كوررېكتور قانداق دېتال؟ ........................................ 3

2.ئىشلەش مۇھىتى ........................................ 3

3.ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........................................ 4

4.ئۆرنىتىش ........................................ 5

5.ئىملا تەكشۈرۈش ........................................ 6

## 1. كەنجى كوررېكتور قانداق دېتال؟

كەنجى كوررېكتور - Microsoft Word ياكى UyghurEdit مۇھىتىدا يېزىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى(ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى ۋە ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى) دىكى تېكىستلەرنىڭ ئىملاسىنى توغرىلاشقا ياردەمچىلىك قىلىدىغان يۇمشاق دېتال. ئۇنىڭ 468 مىڭ سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىملا ئامبىرى بولۇپ، تېكىست تەركىبىدىكى سۆزلەرنى مۇشۇ سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۆزنىڭ ئىملاسىنىڭ توغرا خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. يەنى تېكىست تەركىبىدىكى سۆز ئىملا ئامبىرىدا بولسا ئىملاسى توغرا، بولمىسا ئىملاسى خاتا دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. مەزكۇر دېتالنىڭ ياردىمىدە سىزمۇ پىششاق كوررېكتورلاردىن قېلىشمايدىغان بولىسىز. مەزكۇر دېتالنى UyghurEdit تا ئىشلەتسە پۈتۈنلەي ھەقسىز، Microsoft Word تا ئىشلەتسە ھەقلىق.

## 2. ئىشلەش مۇھىتى

كەنجى كوررېكتور-- Windows NT، Windows 2000، Windows XP، Vista قاتارلىق مۇھىتتا، UyghurEdit ياكى Microsoft Word قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. ئۇنى ئايرىم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ھەم ئۇنى ئىشلىتىپ كۇنۇپكىدىن ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. كەنجى كوررېكتورنى ئىشلەتمەكچى بولغانلاردا

- Windows NT، Windows XP، Vista نىڭ خالىغان بىرسى بولۇشى كېرەك.
- يۇقىرىقى مۇھىتقا Microsoft Word ئورنىتىلغان بولۇشى ياكى UyghurEdit ئورنىتىلغان بولۇشى كېرەك. كەنجى كوررېكتور UyghurEdit بىلەن بىرىكتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، UyghurEdit نى ئورناتسىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## 3. ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى

- ئىملا ئامبىرىدىكى سۆز سانى جىق. 632000 سۆز بار؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزلەر "ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى" دىكى تۆپ سۆزلەر ۋە بىر قىسىم يەر ناملىرى تۆرلەش ئارقىلىق ياسالغان. توغرىلىقى. 99% دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.(تۆپ سۆزلەرنى 100% توغرا دەپ قارىغاندا)
- ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى(UEY) ۋە ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى(ULY) دىكى تېكىستلەرنىڭ ئىملاسىنى تەكشۈرەلەيدۇ.
- ئىشلەتكۈچى ئىملا ئامبىرىدىكى سۆزلەرنى بېيىتالايدۇ. يەنى ئىملا ئامبىرىدا يوق، بىراق ئىملاسى توغرا بولغان سۆزلەرنى ئىشلەتكۈچى ئىملا ئامبىرىغا قوشالايدۇ.
- UyghurEdit ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە توپلانغان، ئىملادا ئوڭاي خاتالىشىدىغان 68500 سۆزدىن تەركىب تاپقان ئاپتوماتىك تۆزىتىش ئامبىرى بار. يەنە كېلىپ مەزكۇر ئامبارغا ئىشلەتكۈچىمۇ يېڭى سۆزلەرنى قوشالايدۇ.
- سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، ئىملا ئامبىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس.
- ئاپتوماتىك ئىملا تەكشۈرۈش ئىقتىدارى(Microsoft Word تىلا ئىشلەتكىلى بولىدۇ) دىن پايدىلىنىپ تېكىستنىڭ تەركىبىدىكى بارلىق خاتا سۆزلەرگە بەلگە قويغىلى ۋە ئاپتوماتىك توغرىلاش ئامبىرىدىن پايدىلىنىڭ ئىملادا ئوڭاي خاتالىشىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى ئاپتوماتىك توغرىلىغىلى ۋە نەتىجىنى باشقا بىر Microsoft Word ھۆججىتىگە دوكلات شەكلىدە چىقارغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا چېكىت(.)، پەش(،)... قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ كەينىگە بوشلۇق قويۇلمىغان بولسا ياكى سۆز بىلەن تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئارىسىغا بوشلۇق قويۇلغان بولسا، (ئىملا قائىدىسىدە، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ كەينىگە چوقۇم بىر بوشلۇق كېلىدۇ، سۆزنىڭ كەينىدىكى تىنىش بەلگىلىرى سۆزگە قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ) ئۇلارنىمۇ ئاپتوماتىك توغرىلاپ بېرىدۇ.
- ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملا خاتالىقىنىڭ نۇرغۇنلىرى، "ى" ھەرپىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى "ى" ھەرپىنىڭ ئارتۇق يېزىلىشى ياكى ئاھاڭداش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى تۆپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كەنجى كوررېكتور مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىملاسى خاتا سۆزنىڭ نامزاتىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

# 4. ئورنىتىش

كەنجى كوررېكتور ئادەتتە UyghurEdit بىلەن بىرىكتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، UyghurEdit نى ئورناتسىلا بولىدۇ. يەنى چۈشۈرۈش ئادرېسلىرىدىن uyghuredit. msi دېگەن بىرلا ھۆججەتنى چۈشۈرۈپ ئۇنى قوش چەكسىلا ئىش تامام. شۇنىڭ بىلەن UyghurEdit نى ياكى Microsoft Word نى قوزغاتسىلا بولىدۇ. Microsoft Word قوزغىتىلغاندا Microsoft Word قا «Kenji korréktor»دېگەن يېڭى بىر بۇيرۇق تاياقچىسى (Command Bar) قوشۇلىدۇ. تۆۋەندىكىدەك.




Microsoft Word قا «Kenji korréktor»دېگەن يېڭى بىر بۇيرۇق تاياقچىسى (Command Bar) قوشۇلمىغان بولسا، UyghurEdit نى قايتا ئورناتمايلا كەنجى كوررېكتورنى Microsoft Word قا قوشۇشقا بولىدۇ. ئۇسۇلى:
Dost بۇيرۇق رامكىسىنى ئېچىپ، UyghurEdit ئورنىتىلغان مۇندەرىجىگە يۆتكىلىمىز(UyghurEdit ئادەتتە C:¥Program Files¥kenjisoft¥UyghurEdit قا ئورنىتىلغان بولىدۇ). ئاندىن تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدۇرىمىز.

```
regsvr32 kenjimla. dll /s
```

**دىققەت:** ئەگەر Microsoft Word تا كەنجى كوررېكتور نى ئىشلەتكۈڭىز بولمىسا (UyghurEdit نىلا ئىشلەتكۈڭىز بولسا)، كەنجى كوررېكتورنى Microsoft Word تىن ئايرىۋېتىشقا بولىدۇ.
ئۇسۇلى: Dost بۇيرۇق رامكىسىنى ئېچىپ، UyghurEdit ئورنىتىلغان مۇندەرىجىگە يۆتكىلىمىز(UyghurEdit ئادەتتە C:¥Program Files¥kenjisoft¥UyghurEdit قا ئورنىتىلغان بولىدۇ). ئاندىن تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدۇرىمىز.

```
regsvr32 kenjimla. dll /u /s
```

## 5. ئىملا تەكشۈرۈش

ئۈرنىتىش باسقۇچى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا ئەمدى ئۇنى ئىشلىتىپ كۆرەيلى. كەنجى كوررېكتورنىڭ «ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش» ۋە «تەكشۈرۈشتىن» ئىبارەت ئىككى خىل كوررېكتورلۇق قىلىش ئۇسۇلى بار.

- ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش

«ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش»تە تېكىستىنىڭ تەركىبىدىكى ئىملاسى خاتا سۆزنى يەنى ئىملا ئامبىرىدا يوق سۆزنى بايقىسا، ئالدى بىلەن مەزكۇر سۆزنى ئاپتوماتىك توغرىلاش ئامبىرىدىن ئىزدەيدۇ، مەزكۇر ئامباردا بولسا، ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىملاسى توغرا بولغان سۆزنى مەزكۇر سۆز بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر ئاپتوماتىك توغرىلاش ئامبىرىدىمۇ بولمىسا مەزكۇر سۆزنىڭ ئاستىغا قىزىل دولقۇنسىمان سىزىق سىزىدۇ. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئالدى كەينىدىكى بوشلۇقنىمۇ تەكشۈرۈش بىشەيدۇ. بۇ جەريان ھۆججەتنىڭ بېشىدىن باشلاپ تاكى ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئىشلەتكۈچىگە تەكشۈرۈش دوكلاتى چىقىرىپ بېرىدۇ.

ئەمەلىي مىسال: Microsoft Word تا كېرەكلىك مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ياكى بۇرۇن كىرگۈزۈلگەن بىرەر ئۇيغۇرچە ھۆججەتنى ئاچقاندىن كېيىن(UEY ياكى UKY قايسىسى بولسا بولۇۋېرىدۇ). «Kenji Korréktor» دېگەن بۇيرۇق تاياقچىسىدىكى «Aptomatik» دېگەن بوتاننى چېكىمىز. بۇنىڭ تاماملىنىشىغا ئازراق ۋاقىت كېتىدۇ. ئاخىرلاشقاندا (ئەگەر سىز كەنجى كوررېكتورنى تېخى سېتىۋالمىغان بولسىڭىز، 10 ئابزاسنى تەكشۈرۈپلا ئاخىرلىشىدۇ) تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ.




بۇنىڭدىكى «تامام» نى باسسىڭىز رامكا تاقىلىدۇ، «تەپسىلاتى» نى باسسىڭىز رامكا تاقىلىپ، ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى يەنە بىر ھۆججەتكە چىقىرىپ بېرىدۇ.

تۆۋەندىكىدەك:



ئەگەر سىز كەنجى كوررېكتورنى تېخى سېتىۋالمىغان بولسىڭىز، ئارقىدىن تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ. كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە سېتىۋالسىڭىز، بۇ رامكا قايتا چىقمايدۇ.



- تەكشۈرۈش

«تەكشۈرۈش»تە نۇر بەلگىسى تۇرغان ئورۇندىن باشلاپ، تېكىستنىڭ تەركىبىدىكى ئىملاسى خاتا سۆزنى يەنى ئىملا ئامبىرىدا يوق سۆزنى بايقىسا، ئالدى بىلەن مەزكۇر سۆزنى ئاپتوماتىك توغرىلاش ئامبىرىدىن ئىزدەيدۇ، مەزكۇر ئامباردا بولسا، ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىملاسى توغرا بولغان سۆزنى مەزكۇر سۆز بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر ئاپتوماتىك توغرىلاش ئامبىرىدىمۇ بولمىسا ئىملا ئامبىرىدىن مەزكۇر سۆزنىڭ ئىملاسىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان سۆزدىن ئەڭ كۆپ بولغاندا 25 دانىنى رامكا ئىچىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇنى نامزات سۆزلەر دەپ ئاتايمىز(تۆۋەندىكى رامكىدىكىدەك). ئىشلەتكۈچى مۇشۇ سۆزنىڭ ئىچىدىن توغرىسىنى كۆرسىتىش(تاللاش) ياكى توغرىسىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق خاتا سۆزنىڭ ئىملاسىنى توغرىلاش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.




باشتىمۇ دەپ ئۆتكەن، كەنجى كوررېكتور بىر سۆزنىڭ ئىملاسىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئىملا ئامبىرىدىكى سۆز بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر سۆزنىڭ ئىملاسى توغرا بولۇپ، ئىملا ئامبىرىدا بولمىسا بۇ سۆزنىڭ ئىملاسىنى خاتا دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىشلەتكۈچى مەزكۇر سۆزنى ئىملا ئامبىرىغا قوشۇش ئارقىلىق ئىملا ئامبىرىنىڭ سۆزلۈك مىقدارىنى ئاشۇرالايدۇ. بۇنى يۇقىرىقى رامكىدىكى «ئامبارغا قوشۇش» دېگەن بوتاننى باسسىلا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر كېيىنكى ئىملا تەكشۈرۈش جەريانى ئۇچرىسا ئۇنى خاتا دەپ قارىمايدۇ.

يۇقىرىقى رامكا كۆرۈنگەندە، ئەگەر توغرىسى نامزات سۆز تەركىبىدە بار بولسا، شۇ سۆزنى تاللىسا «تۈزىتىش» دېگەن بوتان ئىناۋەتلىك بولىدۇ(رەسىمدىكىدەك). «تۈزىتىش»نى باسسا ئەسلىدىكى سۆزنى تاللانغان سۆزگە ئالماشتۇرىدۇ. ھەم مەزكۇر ئالمىشىشنى ئەستە ساقلىۋالىدۇ. يەنى ئاپتوماتىك توغرىلاش ئامبىرىغا قوشۇۋالىدۇ. كېيىنكى ئىملا تەكشۈرۈش جەريانىدا مەزكۇر سۆز يەنە ئۇچراپ قالسا، ئاپتوماتىك تۈزىتىلىدۇ(رامكا

چىقمايدۇ).




ئەگەر يۇقىرىقى رامكا چىققاندا، نامزات سۆزلەرنىڭ ئىچىدە توغرىسى بولماي قالسا، ھەم سىز خاتالاشقان يەرنى بايقىغان بولسىڭىز، مائۇسنى خاتا سۆز بار تېكىست كۆزنىكىگە يۆتكەپ چېكىپ سۆزنى تۈزەتسىڭىز بولىدۇ. سۆزنى تۈزەتكەندە(كۇنۇپكا بېسىپ) نامزات سۆز رامكىسىدا مەزكۇر سۆزگە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.




تامام